# ئاللاھقا ياقتۇرىلىدىغان سۆزلەر تۆتتۇر: سۇبھانەللاھ، ئەلھەمدۇ لىللاھ، ۋەلائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋاللاھۇ ئەكبەر، بۇ سۆزلەرنىڭ قايسىسى بىلەن باشلىسىڭىز خاتا بولمايدۇ

سەمۇرە بىن جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا ياقتۇرىلىدىغان سۆزلەر تۆتتۇر: سۇبھانەللاھ، ئەلھەمدۇ لىللاھ، ۋەلائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋاللاھۇ ئەكبەر، بۇ سۆزلەرنىڭ قايسىسى بىلەن باشلىسىڭىز خاتا بولمايدۇ».

[تېكىست توغرا] [مۇسلىم رىۋايىتى]

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا بەكراق ياخشى كۆرىدىغان سۆزلەرنىڭ تۆت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: سۇبھانەللاھ، بۇنىڭدىن ئاللاھ تائالانى بارلىق كەمچىلىكتىن پاكلاش مەقسەت قىلىنىدۇ. ئەلھەمدۇ لىللاھ، بۇ ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇلۇغلاش بىلەن بىرگە تولۇق ۋە مۇكەممەللىك بىلەن سۈپەتلەشتۇر. ۋەلائىلاھە ئىللەللاھۇ: ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ مەبۇد ھەق يوقتۇر. ۋەللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىدىن ئۇلۇغ، كاتتا ۋە غالىپتۇر. بۇ سۆزلەرنىڭ پەزىلىتى ۋە ساۋابىنىڭ ھاسىل بولۇشى بۇ زىكىرلەرنى ئېيتقاندا يۇقىرىدىكى تەرتىپ بىلەن دېيىش تەقەززا قىلىنمايدۇ.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/5475